دىنىمىز ئىسلام، مىللىتىمىز تۈرك، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان

# شرقي توركستان ياشلرى

ئايلىق سىياسىي گېزىت (ھەقسىز)

1993- يىل 11- ئاي (6- سان)

AYLIK SIYASI GAZETE

Doğu Türkistan Gençleri

## شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرى ئىستانبۇلدا خاتىرىلەندى

ئۆز خەۋىرىمىز: 11- ئاينىڭ 13- كۈنى، تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدە، 1933- يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ 60 يىللىقى داغدۇغىلۇق خاتىرىلەندى. (3- بەتتە)



ئارسلان ئالپ تېكىن



مۇھەممەت رىزا بېكىن



مەمتىمىن ھەزرەت



سۇلتان ماخمۇت

## شەرقىي تۈركىستان - تىبەت - ئىچكى موڭغولىيە بىرلەشمە يىغىنى ميۇنخېندا غەلىبىلىك ئېچىلدى

ئۆز خەۋىرىمىز: مۇشۇ ئاينىڭ 20- ۋە 21- كۈنلىرى گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە، «شەرقىي تۈركىستان - تىبەت - ئىچكى موڭغولىيە خەلقلىرى بىرلەشمە كومىتېتى» نىڭ 4- قېتىملىق يىغىنى ئېچىلدى.



بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ مەقسىتى، 3 تەرەپ خەلقلىرىنىڭ چىن مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرەشلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى باياننامىسىنىڭ روھى بويىچە، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى ئىستانىنى ھەق - ھوقۇقلىرىنى قوغداش ۋە مىللىي مۇستەقىللىق قەدىمىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت.

دەڭ شاۋپىڭنىڭ ئۆلۈمى يېقىنلىشىۋاتقان، چىن پارچىلىنىشقا يۈزلىنىۋاتقان بۈگۈنكى ۋەزىيەتتە، بۇ 3 تەرەپ بىرلەشمە يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشى زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە!

«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان ئىلمىي بىرلىكى» نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن چاقىرىلغان بۇ قېتىمقى يىغىندا، بۇ تەشكىلاتنىڭ باشلىقى ئەركىن ئالپ تېكىن باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللەر ئۆمىكى، دالاي لاما سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى كالۇن تاشى ۋاڭدى باشچىلىقىدىكى تىبەت ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە ئىچكى موڭغۇل مىللىي ئازادلىق فرونتىنىڭ باشلىقى تەمىسى چىلتۇ باشچىلىقىدىكى ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكى قاتناشتى. (داۋامى 2- بەتتە)

## ئەركىن ئالپ تېكىن گوللاندىيە يىغىنىدا

ئۆز خەۋىرىمىز: 11- ئاينىڭ 22- كۈنى، باش ئورگىنى گوللاندىيەدە بولغان «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىللىكى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى»، «شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرى» دېگەن تېمىدا مەخسۇس خەلقئارالىق سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. (داۋامى 2- بەتتە)



## «ميۇنخېن خىتابنامىسى»

(1993- يىل 11- ئاينىڭ 20- ۋە 21- كۈنلىرى گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن شەرقىي تۈركىستان - تىبەت - ئىچكى موڭغولىيە خەلقلىرى بىرلەشمە كومىتېتى يىغىنى خىتابنامىسى)

شەرقىي تۈركىستان - تىبەت - ئىچكى موڭغولىيە خەلقلىرىنىڭ بىرلەشمە كومىتېتى، بۇ خەلقلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنىڭ فورۇمى. بۇ تەشكىلات، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىسىدە كۆرسىتىلگەن كىشىلىك ھوقۇق ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش پرىنسىپلىرىغا ۋە بۇ خىل قىممەتلىك خەلقئارالىق ھۆججەتلەرگە ھەمدە دېموكراتىيىگە ھۆرمەت قىلىدۇ.

بىرلەشمە كومىتېت، شەرقىي تۈركىستان - تىبەت - ئىچكى موڭغولىيە خەلقلىرى ئارىسىدىكى تارىخىي ۋە مەدەنىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇستەھكەملىكىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاسارىتى ئاستىدا بىرلىكتە تارتقان زۇلۇم ۋە ئىسكەنجە نەتىجىسىدە، بۇ خەلقلەر ئارىسىدا كۈچلۈك بىر ئىتتىپاقلىقنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى ۋە بۇ خەلقلەرنىڭ ئازادلىق ۋە ھۆرلۈككە بولغان ئورتاق ئارزۇسىنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى جاكالايدۇ!

شەرقىي تۈركىستان - تىبەت - ئىچكى موڭغولىيە خەلقلىرى بۇ مۇقەددەس ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تارىخىي پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىرلىك ئىتتىپاقلىق روھى بىلەن ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرەشلىرىنى كۈچەيتىشكە ئىنتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. (داۋامى 3- بەتتە)

# شەرقىي تۈركىستان ـ تىبەت ـ ئىچكى موڭغۇلىيە بىرلەشمە يىغىنى مىيونخېندا ئېچىلدى

(بېشى 1- بەتتە)

بۇقېتىمقى يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، دالاي لاما، ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ئالاھىدە تەبرىكنامە يوللاپ، يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى.



بۇقېتىمقى يىغىندا، دالاي لاما ۋە ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1984- يىلى ھىندىستاندا قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان - تىبەت - ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرى بىرلەشمە كومىتېتى»نىڭ تۈنجى نۆۋەتلىك يىغىنىدىن بۇيانقى پائالىيەتلىرى خۇلاسىلەندى ۋە بۇجەھەتتىكى تەجرىبە - ساۋاقلار يەكۈنلەندى، دەۋر روھىغا ئاساسەن، ئەينى چاغدا تۈزۈلگەن نىزامنامىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى ھەمدە، يېڭى نىزامنامە 3 تەرەپنىڭ بىردەك ئاۋاز قوشۇشى بىلەن ماقۇللاندى.



يىغىن مەزگىلىدە، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرىنىڭ ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۆرەشلىرى ئۆزئارا تونۇشتۇرۇلدى ۋە ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇلدى، شۇنداقلا بۇقېتىمقى يىغىندا، بۇندىن كېيىن 3 تەرەپنىڭ پائالىيەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ماس قەدەمدە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، يېڭى رەھبەرلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى، دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق، بىرلەشمە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى، ئىجرائىيە كومىتېتى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تەسىس قىلىندى ۋە مەسئۇل خادىملىرى سايلاپ چىقىلدى.

تىبەت تەرەپتىن كالون تاشى ۋاڭدى 3 تەرەپ بىرلەشمە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە، شەرقىي تۈركىستان تەرەپتىن نۇر مۇھەممەت كەنجى مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى،

شەرقىي تۈركىستان تەرەپتىن ئەركىن ئالپتېكىن 20 كىشىلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە، مۇھەممەت ئىمىن ھەزرەت مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ئىچكى موڭغۇل تەرەپتىن نارانبىلىك مۇئاۋىن رەئىسلىككە، تىبەت تەرەپتىن كېيالتسېن گيالتاگ ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا سايلاندى. بۇ 20 كىشىلىك ئىجرائىيە كومىتېتىدا شەرقىي تۈركىستان تەرەپتىن يەنە ئەسقەرجان، ئەنۋەرجان، سالىخ ئاتۇش، مۇھەممەت رىزا بېكىن، قەھرىمان غوجامبەردى، دوكتور مۇھا باي ئەنگىن، ئەسقەر ئەركىن، ئۆمەر قانات، كامىل ئابباس قاتارلىقلار بار.

3 تەرەپ بىرلەشمە كومىتېتىنىڭ 9 كىشىلىك رەھبەرلىك قاتلىمىدا شەرقىي تۈركىستان تەرەپتىن ئەركىن ئالپتېكىن، نۇر مۇھەممەت كەنجى، سۇلتان ماخمۇت قاشقەرلى قاتارلىق 3 كىشى بار.

سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە، شەرقىي تۈركىستان تەرەپتىن ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن رەئىسلىككە، زىيا سەمەدى، ماشرىۋاھىدى، يۈسۈپبەك مۇخلىسى، سېيىتجان سېيىتسىبۇ، مۇزەپپەر قۇربان، ھۈسەيىن قارى ئىسلامى، ئابدۇۋېلىجان، ئەھەت ئىنگەمبەرى، غۇلامىدىن پاختا، ئابدۇقادىر ئەھمەتلەر سىياسىي كېڭەش ئەزالىقىغا سايلاندى. 3 تەرەپنىڭ بىردەك ماقۇللىشى بىلەن، بىرلەشكەن دۆلەتلەردە ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى (ئۇنپو) نىڭ باش كاتىپى دوكتور مىخائىل ۋان ۋولت. پىراژ (گوللاندىيىلىك) 3 تەرەپ بىرلەشمە كومىتېتىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە سايلاندى.

يىغىندا 3 تەرەپ، خەلقئارادىكى ھەرقانداق سورۇندا 3 تەرەپنىڭ داۋاسىنى ئورتاق تىلغا ئېلىش ھەققىدە بىردەك پىكىرگە كەلدى.

بۇقېتىمقى يىغىندا يەنە، «مىيونخېن خىتابنامىسى» ئېلان قىلىندى. يىغىندا يەنە، ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم بىرلەشمە كومىتېت يىغىنىنى ئېچىش، يىلدا بىر قېتىم ئىجرائىيە كومىتېتى يىغىنىنى ئېچىش قارار قىلىندى، شۇنداقلا، رادىيو، تېلېۋىزىيە، گېزىتتىن ئىبارەت تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، 3 تەرەپنىڭ داۋاسىنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇش قارار قىلىندى.

يىغىندىن كېيىن، 3 تەرەپ بىرلەشمە كومىتېتى ئامېرىكا پىرېزىدېنتى كالىنتونغا مەكتۇپ يوللاپ، ئۇنى ئاسارەت ئىچىدىكى بۇ مىللەتلەرنىڭ ھەققانىي كۆرەشلىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەشكە دەۋەت قىلدى.



يىغىن كومىتېتى يەنە، بارلىق غەربىي ئەللىرىگە، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىگە ۋە ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە خەت - ئالاقە يېزىپ، بۇ ئەللەرنى بۇقېتىمقى يىغىننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلدى ھەمدە، چىننىڭ نۆۋەتتىكى تەھدىدىنى تولۇق ئاگاھلاتتى.

بۇقېتىمقى يىغىن، باشتىن - ئاخىر قىزغىن، دوستانە كەيپىياتتا ئۆتتى.

## ئەركىن ئالپتېكىن گوللاندىيە يىغىنىدا

(بېشى 1- بەتتە)

بۇقېتىمقى يىغىننىڭ ئۇيۇشتۇرغۇچىسى ۋە «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى»نىڭ رەئىسى ئەركىن ئالپتېكىن سۆز قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرى ھازىر ئۆلۈم - كۆرۈم كۈرىشى قىلىۋاتىدۇ، ئەگەر دۇنيا جامائەتچىلىكى زۆرۈر تەدبىر قوللانمىسا، 20 - 30 يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرى تارىخ سەھنىسىدىن يوقۇلۇپ كېتىدۇ!» دېدى.

چىن مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايلىقىنى تالان - تاراج قىلىش سىياسىتى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان ئەركىن ئالپتېكىن، يىغىن ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: «دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، كۈچلۈك بىر ھەيئەت تەشكىللەپ، ئۇنى شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىشى كېرەك. بۇ ھەيئەت چىننىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتى ھەققىدە بىر دوكلات ھازىرلاپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي باياناتىنىڭ روھى بويىچە چىنغا جازا يۈرگۈزۈشى لازىم».


بۇقېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان چەتئەل مۇتەخەسسىسلىرى، ئەركىن ئالپتېكىننىڭ يۇقارقى تەكلىپلىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.



# ئەيسا ئەفەندىنىڭ شانلىق سىياسى ھاياتى



ئەيسا ئەفەندىم سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاسى
پەيسال ئالىلىرى بىلەن بىرگە ( 1965 - يىل )



پاكىستاننىڭ پىرېزىدېنتى ئەيۇپخان بىلەن بىرگە



ئەيسا ئەفەندىم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى
مۇساپىرلار ئورگىنىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى
سادىرىددىن ئاغاخان بىلەن بىرگە.



ئەيسا ئەفەندىم قاھىرەگە توپلانغان دۇنيا
مۇسۇلمان ئەللىرى رەھبەرلىرى بىلەن بىرگە
( 1951- يىل )




ئەيسا ئەفەندىم گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ
داھىيسى جاڭ جيېشى بىلەن بىرگە ( 1946- يىل )




ئەيسا ئەفەندىم 70 - يىللاردا ئىستانبۇلدا چىنغا
قارشى ئېلىپ بېرىلغان نامايىشنىڭ ئالدىنقى
سەپىدە ماڭماقتا

# «بىزنىڭ كۆرەشلىرىمىز»

(قىرغىزىستان مىللەت ۋەكىلى، «قىرغىزىستان ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» نىڭ رەئىسى، «شەرقى تۈركىستان - تىبەت - ئىچكى موڭغولىيە خەلقلىرى بىرلەشمە كومىتېتى» نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرمۇھەممەت كەنجىنى زىيارەت)



١١-ئاينىڭ ٢٨-كۈنى، «شەرقى تۈركىستان ياشلىرى گېزىتى» ئىدارە ھەيئىتى، مۇشۇ ئاينىڭ ٢١-ۋە ٢٢-كۈنلىرى گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە ئېچىلغان «شەرقى تۈركىستان - تىبەت - ئىچكى موڭغولىيە خەلقلىرى بىرلەشمە يىغىنى» غا قاتنىشىپ، قايتىشىدا تۈركىيەگە كەلگەن ياش سىياسىيون نۇرمۇھەممەت كەنجى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزگەن ئىدى.

سۆھبەت يىغىنىدا، نۇرمۇھەممەت كەنجى ئالدى بىلەن، قىرغىزىستاندا ياشاۋاتقان شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ھازىر قىرغىزىستاندا ٤٠ مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر تۈركلىرى ياشايدۇ. شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىشىدىن خەۋپسىرىگەن مۇستەبىت كوممۇنىست ئىستالىننىڭ بېسىمى بىلەن مىللىتىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولغان ئۇيغۇرلارنى قوشساق، بۇنىڭدىن كۆپ. گورباچېۋ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان چاغلاردا، قىرغىزىستاندىكى بىز ئۇيغۇرلار «سادا» دېگەن نامدا بىر ئەدەبىيات - مەدەنىيەت جەمئىيىتى قۇرۇپ، مۇشۇ جەمئىيەتنىڭ نامىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئىدۇق. بىز قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، ١٩٨٩-يىلى «قىرغىزىستان ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» ناملىق تەشكىلاتنى قۇرۇپ چىقتۇق. بىز دەسلەپكى قەدەمدە، مۇشۇ تەشكىلاتىمىزنىڭ نامىدا، قىرغىزىستاندا ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنى تەشكىللەپ، خەلقىمىزنىڭ تارىخى ئەسەرلىرىنى توپلاپ ۋە رەتلەپ چىقىپ، ئۇنى رۇس ۋە قىرغىز تىللىرىدىكى تۈرلۈك گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىپ، قىرغىز ۋە رۇس خەلقىغە شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە تونۇشتۇردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قىرغىزىستاندىكى تۈرلۈك چوڭ - كىچىك يىغىن ۋە پائالىيەتلەرگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىپ، شەرقى تۈركىستاندىكى سىياسى ۋە مىللى زۇلۇمنى لايىغىدا ئاڭلىتىپ، قىرغىز ۋە رۇس خەلقلىرىنىڭ بىزگە بولغان ھېسداشلىقىنى قوزغىدۇق. بىزنىڭ دەۋەت قىلىشىمىز بىلەن، قىرغىزىستاندا لوپنۇردىكى ئاتوم سىنىقىغا قارشى بىر بۆلۈم قۇرۇلدى ۋە بۇ بۆلۈمنىڭ سەپەرۋەرلىك قىلىشى بىلەن، قىرغىزىستاندىكى كۆپلىگەن مەشھۇر زاتلار لوپنۇردىكى ئاتوم سىنىقىغا قارشى تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىپ، بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى كۆرەشلىرىمىزگە ھەمنەپەس بولدى. بىز ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى، قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنى ياخشىلاشقا ۋە ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردۇق. قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىۋى بىلەن، ھۆكۈمەت نامىدا بىر مىللى كېڭەش قۇرۇلدى. بۇ كېڭەشكە كۆپلىگەن شەرقى تۈركىستانلىقلار ئەزا بولۇپ قاتناشتى. دېمەك، بىزنىڭ تىرىشچانلىقىمىز بىلەن، قىرغىزىستان خەلقى، شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللى ھېسسىياتىنى پەيدىن - پەي چۈشىنىپ يەتتى، چىن مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قارا قولىنى سۇنۇشتىكى ھەقىقى مەقسىتىنى ئاستا - ئاستا تونۇپ يەتتى. بۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ بىزگە بولغان ھېسداشلىقى بارغانسېرى كۈچەيدى».

نۇرمۇھەممەت كەنجى، بۇقېتىم گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «شەرقى تۈركىستان - تىبەت - ئىچكى موڭغولىيە خەلقلىرى بىرلەشمە يىغىنى» غا قاتناشقاندىن كېيىنكى تەسىراتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «بۇقېتىم ميۇنخېندا ئېچىلغان ئۈچ تەرەپ خەلقلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنى، ۋەتەن سىرتىدىكى مۇجادىلە تارىخىمىزدا ئىنتايىن زور تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە بىر يىغىن. گەرچە بىز ٣ مىللەتنىڭ تىلىمىز، دىنىمىز ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما بىز دۇنيا خەلقىگە ئۆرنەك بولالايدىغان مۇستەھكەم بىر بىرلىكمەپنى قۇرۇپ چىقالىدۇق. بۇ، دۇنيا جامائەتچىلىكىدە، بۇ مىللەتلەر تىنچلىقنى خالايدىكەن، ئۆز ئارا دېموكراتىيە ئاساسىدا ئورتاق ئىش ئېلىپ بارا-لايدىكەن، دېگەن ياخشى تەسىراتنى پەيدا قىلدى. شۇنداقلا، خىتاي ھۆ-كۈمىتىنىڭ پۈتۈن ئازسانلىق مىللەتلەرگە ئوخشاش زۇلۇم سېلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى. بىز ٣ تەرەپ بىرلىشىپ ئورتاق دۈشمەنگە قارشى پائالىيەت ئېلىپ بارساق، بىر - بىرىمىزگە كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئىلھام بېرەلەيمىز. تىبەتلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلارنىڭ دۇنيادا ئاھايىتى كۆپ غوللۇق تەشكىلاتلىرى ۋە بىرلىكلىرى بار. ئىختىسادى شەرت - شارائىتىمۇ بىزدىن كۆپ ياخشى. بۇخىل ئەھۋال ئاستىدا بىز ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ ۋەتەن سىرتىدىكى داۋايىمىزنى تېخىمۇ جانلىق ۋە تەسىرلىك شەكىلدە ئېلىپ بارالايمىز».

ئاخىرىدا نۇرمۇھەممەت كەنجى، ۋەتەن سىرتىدىكى تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ئۆز ئارا ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «مەن بۇقېتىم گېرمانىيىدە يىغىنغا قاتنىشىش ئارقىلىق، شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ ياۋروپادا ئىنتايىن جانلانغانلىقىنى ۋە ئىختىدارلىق پائالىيەتچىلىرىمىزنىڭ ياۋروپاغا مەركەزلەشكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم. مېنىڭچە، ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق تەشكىلاتلىرىمىز ياۋروپادىن ئىبارەت مۇشۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا ماس قەدەم بىلەن ئورتاق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. بىز كۈچلۈكلەرنى سەپىمىزنىڭ ئالدىغا تۇرغۇزۇشىمىز، پائالىيىتىمىز قەيەردە تەسىرچان بولىدىغان بولسا، كۈچىمىزنى شۇيەرگە مەركەزلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. ئەنە شۇندىلا بىز مىللەتكە، ۋەتەنگە مەسئۇل بولغان بولىمىز».



نۇرمۇھەممەت كەنجى گېزىت ئىدارە ھەيئىتى بىلەن خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى

## بورچۇم

زەينەپ ئالتۇن


تۈركىستاندا بۇلبۇللارنىڭ تىلى كېسىلگەن
شۇ بۇلبۇللار تىلى بولۇپ سايرىماق بورچۇم
تۈركىستاندا شۇڭقارلارنىڭ كۆزى ئويۇلغان
شۇ شۇڭقارلار كۆزى بولۇپ قارىماق بورچۇم

ئەي يۇلتۇزلۇق تۇغ يولىدا ئۆلدى مىليونلار
شۇلار ئويىدە ئۆز تۇغۇمنى سۆيمەكلىك بورچۇم
چۆلدە باتۇر قەبرىسىز دۇر يۈرىگىدە سۆزى
شۇ شەھىدلار يۈرەك سۆزىنى سۆيلىمەك بورچۇم

ئىستىگى بىلەن ئاينى يايماق بولماقتا دۈشمەن
شۇ دۈشمەنلەرنە يۈرىگىنى ياش قىلىش بورچۇم
ئەۋلادىمنىڭ يۈرىگىگە قۇللۇق تامغۇسى
ئۇرغان ياۋنىڭ كۆزىنى قانلىق ياش قىلىش بورچۇم

# بۈگۈنكى ئەيسا يۈسۈپ ئالپ تېكىن

75 يىللىق ئۆمرىنى ۋەتەن، مىللەت پىراقىدا كۆيۈپ - پىشىپ ئۆتكۈزگەن، شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ نەزىرىدە خۇددى رىۋايەتلەر-دىكى سىرلىق شەخسكە ئايلىنىپ، روھانىي داھىلىق سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان مەشھۇر ئىنقىلاپچىمىز ئەيسا يۈسۈپ ئالپ تېكىننىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى، پۈتۈن شەرقى تۈركىستان خەلقى ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋات-قان مەسىلىلەرنىڭ بىرى.



بۇ يىل 93 ياشقا كىرگەن، قازا سەۋەبىدىن ئىككى كۆزىنىڭ نۇرىدىن ئايرىلىپ قالغان پولات ئادەم ئەيسا يۈسۈپ ئالپ تېكىن، ھېلىمۇ ھەم ئەنە شۇ ئاددىيغىنە ئۆيىدە پۈتۈن كۆڭلى ۋاقتىنى ۋەتەن، مىللەت دا-ۋاسى بىلەن ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزمەكتە.

ناۋادا سىز 93 ياشقا كىرىپ قالغان بۇ ئۇلۇغ شەخس بىلەن سۆھبەت-لەشكىنىڭىزدە، ئۇنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى، تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى، پىكىر قىلىشتىكى ماھىرلىقى ۋە زېرەك-لىكىنى سېزىپ ھاڭ - تاڭ قالىدۇرىدۇ ھەمدە كۆز ئالدىڭىزدا بىر ئەسىرگە يېقىن ياشىغان مويسىپىت بوۋاي ئەمەس، بەلكى، ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان يىگىت كەبى بىر ئىنسان نامايەن بولىدۇ! پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن داھىيلارغا خاس بىر خىل سۈپەت يېغىپ تۇرىدىغان ئەيسا ئەپەندىم ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي، خۇددى يول باشلىغۇچى سەركىدەك ۋەتەن سىرتىدىكى داۋانىڭ ئالدىنقى سېپىدە مېڭىپ كەلمەكتە.

بۇرۇنقىلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئەيسا ئەپەندىمنىڭ 1993- يىلى ئىچىدىلا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىگە نەزەر سېلىپ باقايلى:

ئەيسا ئەپەندىم، 1993- يىلى 21 - مارتتىن 23 - مارتقىچە، تۈر-كىيىنىڭ ئانتاليا شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن تۈركى ئەللەر دوستلۇق قېرىنداشلىق - ھەمكارلىق يىغىنىغا قاتنىشىپ، ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن تۈركى خەلقلەرگە شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى ئاڭلاتتى ۋە بۇ يىغىن مەزگىلىدە، تۈركىيەنىڭ پىرېزىدېنتى مەرھۇم تۇرغۇت ئۆزال، باش مىنىستىرى سۇلايمان دەمىرال ۋە مىنىستىرلار، مىللەت ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا شەرقى تۈركىستاندىكى مىللىي زۇلۇمنى ئاڭلىتىش بىلەن بىرگە، ئۇلاردىن شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىگە ئەمەلىي ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

1993- يىل 4 - ئاۋغۇست كۈنى، ئەيسا ئەپەندىم تۈركىيىنىڭ قەيسەرى شەھرىدە ئېچىلغان تۈركلەرگە لىبە قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ، مەشھۇر تېكىر يايلىقىدا نەچچە يۈزمىڭ تۈرك خەلقىگە شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى ئاڭلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئايرىم ۋاقىت چىقىرىپ، قەيسەرى شەھرىدە ياشاۋاتقان شەرقى تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنى يوقلاپ، ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورىدى.

1993- يىلى 30 - ئاۋغۇست كۈنى، ئەيسا ئەپەندىم قازاقىستان پىرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نەزەرباييېۋقا ئالاھىدە خەت يېزىپ، قازاقىستان خەلقىنىڭ چىننىڭ لوپنۇردا ئاتوم سىناق قىلىشىغا قاتتىق قارشى تۇرغانلىقى ۋە شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھەققانىي كۈرەشلىرىنى قىزغىن قوللىغانلىقىغا چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

1993- يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئەيسا ئەپەندىم تۈركىيىدىكى شەرقى تۈركىستانلىقلارغا ۋاكالىتەن، تۈركىيە، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە بىر قىسىم ئىسلام ئەللىرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن، بۇ ئەللەرنىڭ تۈركىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرىگە شۈكران يىمىكى بەردى.

ئەيسا ئەپەندىم 1993- يىلى كىرگەندىن بۇيان ئۆز ئۆيىدە 50 كە يېقىن چەتئەل مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، چەتئەل مۇخ-بىرلىرىغا شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى لايىقىدا ئاڭلاتتى. شۇنداقلا ئەيسا ئەپەندىم 10 دىن ئارتۇق تېلېۋىزىيە قانىلىدا سۆز قىلىپ، پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىنى شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەققانىي كۈرەشلىرىنى قوللاشقا دەۋەت قىلدى.

ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغىنى شۇكى، ئەيسا ئەپەندىمنىڭ قىزغىن قول-لىشى ۋە بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىشى نەتىجىسىدە، بۇ يىل 6 - ئايدا تۈركىيەدە «شەرقى تۈركىستان ياشلىرى» گېزىتى قانۇنلۇق نەشر



قىلىنىپ، ۋەتەن سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شەرقى تۈركىستان داۋاسى ئۈچۈن يېڭى بىر ھاياتى كۈچ قوشۇلدى.

ۋەتەن، مىللەتنىڭ قايغۇسى ۋە خۇشاللىقىنى ئۆزىنىڭ قايغۇسى ۋە خۇشاللىقى دەپ بىلگەن داھىيمىز ئەيسا يۈسۈپ ئالپ تېكىن، ھازىرمۇ ئەنە شۇ ئاددىيغىنە ئۆيىدە، ۋەتەننىڭ ئىستىقلالى ئۈچۈن تىرىشماقتا!

ئۇلۇغ ئىنقىلاپچىمىز ئەيسا يۈسۈپ ئالپ تېكىنگە ئاللا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلغاي! ئامىن!


**گېزىت ئىدارە ھەيئىتىدىكىلەر:**

**ئىدارە ھەيئىتىنىڭ باشلىقى:**

**ئارسلان ئالپ تېكىن**

Gazetemiz İdare Heyeti Başkanı:
Arslan Alptekin

گېزىت مەسئۇلى: مۇھەممەت قەشقەرلى

GAZETE SAHİBİ : MEHMET KAŞKARLI

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابدۇجېلىل تۇران

YAZI İŞLERİ MÜDÜRİ : CELİL TURAN

باش تەھرىر: پەرھات يۇرۇڭقاش

تەھرىرلەر: ئەسقەر ئىلقۇت، شاھجېلىل بوزقۇرت، ئابدۇرېھىمجان (دوختۇر)

گېزىتىمىزنىڭ ۋاكالەتچىلىرى:

شۋېتسارىيىدىن: ئەنۋەر راخان

گېرمانىيىدىن: ئۆمەر قانات

گوللاندىيىدىن: كامىنار

ئامېرىكىدىن: ئەنۋەر يۈسۈپ

ئاۋسترالىيىدىن: بەختىيار خوجا

سەئۇدى ئەرەبىستانىدىن: تۇرسۇن قەشقەرلى

(ئىزاھات: گېزىتىمىزدە بېسىلغان ماقالىلەرنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۆز ئۈستىمىزگە ئالالمايمىز. مەسئۇلىيىتى ئاپتورلار ئۈستىدە)

GAZETE ADRESİ:

ZÜBEYDE HANIM CAD.NO.144/1

ZEYTİNBURNU/İSTANBUL/TÜRKİYE.

TEL: 6642723.

Banka Hesap Numaramız:
Doğu Türkistan Gençleri Gazetesi
No: 00II066-8/DHM, AKBANK Aksaray
Şubesi İstanbul


## ئالغا

### ئابدۇرېھىمجان دوختۇر

قولىمىزدا بار بىزنىڭ مۇقەددەس كۆك بايرىغىمىز،
ۋەتەن ئۈچۈن ئۇيۇشماق ھەقىقى ئىشانىمىز.
ئۆلمەك شېھىت، قالماق غازى، پىدا دۇر بۇ جانىمىز،
چاقما چاقماق، ياغا ياغمۇر، ھېچ توختىماس يولىمىز،
ئازاتلىق ئالدىمىزدا، سامادا لەپىلدەر بايراغىمىز!